# ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايلى

## ـــ كىلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بېيجىڭ)

### جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

**ھۆرمەتلىك باش كاتىپ گۇتېررېس ئەپەندى،**
**ھۆرمەتلىك خىزمەتداشلار:**

بۈگۈنكى كىلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بەش يىل ئىلگىرى، ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى ئەڭ زور سىياسىي ئىرادە ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نى ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولغانىدى. بەش يىلدىن بۇيان، «پارىژ كېلىشىمى» يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا كىرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا ئېرىشتى. ھازىر، خەلقئارا ئەندىزە تېز ئۆزگەرمەكتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش قوزغىدى، يەر شارىۋى كىلىماتنى تۈزەشنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ دىققەتنى تارتتى. بۇ يەردە، مەن ئۈچ تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بىرىنچى، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىش كېرەك. كىلىمات ئۆزگىرىشى خىرىسى ئالدىدا ئىنسانىيەت تەقدىرداش، يەككە تەرەپچىلىكنىڭ چىقىش يولى يوق. بىز كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرسەكلا، ئاندىن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت ۋە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزەلەيمىز. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ «پارىژ كېلىشىمى»نى قوللىشىنى، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى قارشى ئالىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇلۇغۋار غايىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق ئەمما پەرقلىق بولغان مەسئۇلىيەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئەڭ زور دەرىجىدە ھەرىكەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى مەبلەغ، تېخنىكا، ئىقتىدار قۇرۇلۇشى جەھەتتىن قوللاشنى ھەقىقىي زورايتىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، يېشىللىقنى قايتا جانلاندۇرىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق. يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، يېشىل تەرەققىياتتىن تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىزدەش كېرەك.

جۇڭگو كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نى ھاسىل قىلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى، شۇنداقلا «پارىژ كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولدى. بۇ يىل 9 ـ ئايدا، مەن جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تىرىشىپ 2030 ـ يىلدىن ئىلگىرى كاربون (IV) ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈپ، 2060 ـ يىلدىن ئىلگىرى كاربوننى نېيترالاشتۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدىم.

بۇ يەردە، مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى جاكارلاشنى خالايمەنكى: 2030 ـ يىلىغا بارغاندا، جۇڭگونىڭ بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى كاربون (IV) ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارى 2005 ـ يىلدىكىدىن %65تىن كۆپرەك تۆۋەنلىتىلىدۇ، تاشقاتمىسىز ئېنېرگىيەنىڭ بىر قېتىملىق ئېنېرگىيە ئىستېمالىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى %25 ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئورمان زاپىسى مىقدارى 2005 ـ يىلدىكىدىن 6 مىليارد كۇب مېتىر كۆپەيتىلىدۇ، شامال ئېلېكتىر، قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرىش ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 1 مىليارد 200 مىليون كىلوۋاتتىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ.

جۇڭگو ئەزەلدىن لەۋزىدە تۇرۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش داۋامىدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرىقى نىشانلارنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

خىزمەتداشلار!

«ئاسمان سۆزلىيەلمەيدۇ، بىراق تۆت پەسىل ئالمىشىپ تۇرىدۇ، يەر سۆزلىيەلمەيدۇ، بىراق جانلىقلار ئۆسۈپ يېتىلىۋېرىدۇ.» يەر شارى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق، بىردىنبىر يۇرت ـ ماكانى. بىز ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، «پارىژ كېلىشىمى»نىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئۇزاققىچە يولغا قويۇلۇشىغا كۈچ قوشۇپ، يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايلى!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# سىستېمىلىق تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ زور خەۋپسىزلىك ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئون تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، پارتىيەنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى، پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپىسى)لىرىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىككىنچى، جۇڭگوچە دۆلەت خەۋپسىزلىكى يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي بىخەتەرلىك، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى، دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، سىياسىي بىخەتەرلىكنى نېگىز قىلىپ، ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكنى ئاساس قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ، ئېغىر، زور خەۋپسىزلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك خەۋپسىزلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئۈچىنچى، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىدە ھەممىدە خەلقنى كۆزلەپ، ھەممىدە خەلققە تايىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى دۆلەت خەۋپسىزلىكىدىكى ئۇلۇغ كۈچ قىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. تۆتىنچى، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىككە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بىلەن يۇقىرى سەۋىيەلىك خەۋپسىزلىكنىڭ ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەم تەرەققىيات ئارقىلىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھەم دۆلەت خەۋپسىزلىكى پىكىر يولى، تۈزۈلمىسى، ۋاسىتىسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق خەۋپسىزلىك مۇھىتى يارىتىپ، تەرەققىيات داۋامىدا خەۋپسىزلىك ئامىللىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئويلىشىپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەڭپۇڭلۇقىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، سىياسىي بىخەتەرلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھاكىمىيەت خەۋپسىزلىكى ۋە تۈزۈم خەۋپسىزلىكىنى قوغداپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئالتىنچى، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىككە بىرتۇتاش پىلانلاپ تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىياسەت قورالى ساندۇقىدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. يەتتىنچى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنى ئالدىن كۆرۈش، ئالدىن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان يوشۇرۇن خەۋپنى تىرىشىپ بايقاش ۋە بىخ ھالىتىدە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. سەككىزىنچى، خەلقئارا ئورتاق خەۋپسىزلىكنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەمكارلىق، يېڭىلىق يارىتىش، قانۇنچىللىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىشىدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان يەر شارىۋى خەۋپسىزلىك قارىشى تۇرغۇزۇشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى خەۋپسىزلىك ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر بولغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىش كېرەك. توققۇزىنچى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرىنى كۈچەيتىپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۈرۈشلۈك ئۈنۈملۈك دۆلەت خەۋپسىزلىكى تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋەزىيىتى يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئونىنچى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى سېپىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېمىرىلمەس دۆلەت خەۋپسىزلىكى كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ «پارىژ كېلىشىمى»نى قوللىشىنى، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى قارشى ئالىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇلۇغۋار غايىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق ئەمما پەرقلىق بولغان مەسئۇلىيەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئەڭ زور دەرىجىدە ھەرىكەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى مەبلەغ، تېخنىكا، ئىقتىدار قۇرۇلۇشى جەھەتتىن قوللاشنى ھەقىقىي زورايتىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، يېشىللىقنى قايتا جانلاندۇرىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، يېشىل تەرەققىياتتىن تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىزدەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى» ھاسىل قىلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى، «پارىژ كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولدى. جۇڭگو تەرەپ دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش سالمىقىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن جاكارلىدى، مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى جاكارلاشنى خالايمەنكى: 2030 ـ يىلىغا بارغاندا، جۇڭگونىڭ بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى كاربون (IV) ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارى 2005 ـ يىلدىكىدىن %65تىن كۆپرەك تۆۋەنلىتىلىدۇ، تاشقاتمىسىز ئېنېرگىيەنىڭ بىر قېتىملىق ئېنېرگىيە ئىستېمالىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى %25 ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئورمان زاپىسى مىقدارى 2005 ـ يىلدىكىدىن 6 مىليارد كۇب مېتىر كۆپەيتىلىدۇ، شامال ئېلېكتىر، قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرىش ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 1 مىليارد 200 مىليون كىلوۋاتتىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو ئەزەلدىن لەۋزىدە تۇرۇپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش داۋامىدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرىقى نىشانلارنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئاسمان سۆزلىيەلمەيدۇ، بىراق تۆت پەسىل ئالمىشىپ تۇرىدۇ، يەر سۆزلىيەلمەيدۇ، بىراق جانلىقلار ئۆسۈپ يېتىلىۋېرىدۇ.» يەر شارى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق، بىردىنبىر يۇرت ـ ماكانى. بىز ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، «پارىژ كېلىشىمى»نىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئۇزاققىچە يولغا قويۇلۇشىغا كۈچ قوشۇپ، يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايلى!

كىلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، «پارىژ كېلىشىمى» ھاسىل قىلىنغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلقئارا جەمئىيەتنى كىلىمات ھەرىكىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، كۆپ تەرەپلىك مۇساپىنى ئالغا سىلجىتىشنى مەقسەت قىلغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى: تۈركمەنىستان مەڭگۈ بىتەرەپ دۆلەتلىك ئورنىغا ئېرىشكەندىن بۇيان، پائال تۈردە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، رايون ھەتتا دۇنيا تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. مۇقىم تەرەققىي قىلغان، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولغان جۇڭگو ـ تۈركمەنىستان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى جۇڭگو ـ تۈركمەنىستان ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. مەن جۇڭگو ـ تۈركمەنىستان مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىمەن، زۇڭتۇڭ بەردىمۇھەممەدوۋ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ تۈركمەنىستان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي ئايلىنىشىنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا بولۇشىنى تىرىشىپ ساقلاش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئېھتىياج تەرەپلىك ئىسلاھاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىستراتېگىيە تىرىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «قاتتىق» بولۇش ئاساسى رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىكى چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىرىكلىششكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىششنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتى نىزامى»نى قەتئىي ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي ئۆلچەمنى چىڭىتىپ، ۋەكىللەر شەرتىنى چىڭىتىپ، تەشكىلىي تەرتىپنى چىڭىتىپ، سىياسىي ئىنتىزام، تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە نۆۋەت ئالمىشىش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، يېڭى دەۋردىكى يەرلىكنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ ئەمەلىي تەلىپىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى بىلەن نىشان يۆنىلىشىنىڭ بىرلىكى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك نىشان بىلەن قىسقا مۇددەتلىك نىشاننى تۇتاشتۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش بىلەن مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى ئىلمىي ياخشى تۈزۈپ، ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان كونكرېت تەدبىر ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.